## 156033 ـ يېپتەك قان ئارىلاشقان ئاجرالما(تەرگە ئوخشاش نەرسىلەر) كەلسە قانداق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

### سۇئال

مەندىن ئاپپاق تەرگە ئوخشاش ئاجرالمىلار كېلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن يېپتەك قان بار، مېنىڭ ئايلىق ئادىتىم كەلمىگىلى ئىككى ئايچە بولدى، هازىر ئايلىق ئادەت كېلىدىغان ۋاقتىم، مەن بۇنىڭ هەيز ئەمەس ئىكەنلىكىنى سېزىۋاتىمەن، مەن بۇ هالەتتە روزا تۇتسام توغرا بولامدۇ؟. بۇ هەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاهقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

هەيز دېگەن ئاياللارغا تونۇشلۇق بولغان ئېقىپ چۈشىدىغان قان بولۇپ، بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام پاتىمە بىنتى ئەبى هۇبەيشكە: هەقىقەتەن هەيز دېگەن ئاياللارغا تونۇشلۇق بولغان قارامتۇل قان بولۇپ، قان شۇنداق هالەتتە كەلسە، ناماز ئوقۇمايسىز، ئەگەر باشقا رەڭدە كەلسە، ئۇ ۋاقىتتا تاهارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيسىز، دېگەن. [نسائى رىۋايىتى 216-ھەدىس. بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھ  نسائىينىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا كەلتۈرگەن].

هەيزنىڭ ئالامىتى ئاياللارغا مەخپى ئەمەس، رەڭ تەرەپتىن قارا ياكى قارامتۇل كېلىدۇ، پۇرىقى بىر خىل سېسىق پۇراقتەك بولىدۇ، قويۇق كېلىدۇ، بالىياتقۇدىن ئېقىپ چىقىدۇ، ئۇ تامچە-تامچە بولمايدۇ ۋە يېپتەك بولمايدۇ.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەهۇللاھدىن: ئايالدىن رامىزاننىڭ كۈندۈزدە ئاز بىر تامچە قان كەلسە، بۇنداق قان كېلىش ئىشى رامىزان ئاخىرلاشقىچە داۋاملاشقان بولسا، ئۇ ئايالمۇ روزىنى تۇتىۋەرگەن بولسا، ئۇ ئايالنىڭ تۇتقان روزىسى توغرا بولامدۇ؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: "شۇنداق ئۇ ئايالنىڭ تۇتقان روزىسى توغرا بولىدۇ، چۈنكى بۇ تامچىلار پەقەت تومۇردىن كەلگەن تامچىلاردۇر، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ئەسەردە: بۇ تامچىلار بۇرۇندىن چىققان قانغا ئوخشايدۇ. هەيز هېسابلانمايدۇ دېيىلگەن. ["هەيز توغرىسىدىكى ئاتمىش سوئال" ناملىق ئەسەر 6-بەت].

شۇنىڭغا ئاساسەن سىزدىن كەلگەن نەرسە هەيز هېسابلانمايدۇ، بەلكىم سىزنىڭ روزىنى داۋاملاشتۇرۇشىڭىز كېرەك بولىدۇ.

هەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.